بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە

(بېشى 1 ـ بەتتە)

70 يىلدا، يول بويى زەپەر مارشى ياڭرىتىپ، جاسارىتىمىز پەلەككە يەتتى؛ 70 يىلدا، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش ياساپ، ئىسسىق قېنىمىز قايناپ ـ تاشتى. يىللار ئەينەك، تاغ ـ دەريالار گۇۋاھ، كومپارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، ۋەتەننىڭ قوينىدا گۈللەپ ياشنىغان گۈزەل شىنجاڭ تېخىمۇ بولمايتتى.

«خوراز چىللاپ يورۇپ ئالەم ئاتتى تاڭ، بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە.» يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆڭلۈك ھېسسىياتقا باي شېئىرلىرىدا شىنجاڭغا بولغان سەممىي غەمخورلۇق ۋە ئۈمىد سىڭگەندى؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، «بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە»گە يەنە ئۆزلۈكسىز يېڭى مەزمۇن قوشۇلدى، ئۇ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە، ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن ياخشى پۈتۈشتىكى جاراڭلىق قەسىمى.

(2)

بۈگۈنكى شىنجاڭ تۇپرىقىغا ئېگىزدىن نەزەر سالساق، چۆل ـ باياۋان، قۇملۇق قانداق قىلىپ 10 مىڭ گېكتارلىق بوستانلىققا ئايلاندى؟ چۆل ـ باياۋاندا قانداق قىلىپ قاتار ـ قاتار يېڭى شەھەرلەر بىنا قىلىندى؟ چەت، يىراقتىكى قەھرىتان سوغۇق بولىدىغان جايلار قانداق قىلىپ ئاسىيا، ياۋروپاغا تۇتاشقان، دۇنيانى قۇچاقلىغان يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىغا ئايلاندى؟

جاۋابى تاغ ـ دەريالار ئارىسىغا يېزىلغان.

70 يىل ناخشىدەك تېز ئۆتتى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەربىر سۇك تۇپراققا قۇياش نۇرى ۋە بەخت تىلىكى چېچىلدى.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش مۇراسىمىنىڭ ئالدىدا، شىنجاڭ تىنچ ئازاد قىلىنىپ، ئۈچ تاغ، ئىككى ئويمانلىق ئارىسىدىكى بىپايان زېمىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياش نۇرىغا چۆمۈلدى.

ئۇرۇش تىنچلىققا ئايلاندى! شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنىشى جۇڭگونىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخىدىكى زور ئىش، ئۇ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى بۇ 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان دۆلەت زېمىنىنى تاغ ـ دەريالار پارچىلىنىش، خەلق ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇشتىن ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە بۇ تۇپراققا ۋە ھەر مىللەت خەلققە قىلغان چوڭقۇر غەمخورلۇقىنى تېخىمۇ نامايان قىلدى.

70 يىلدىن بۇيان، ۋەتەننىڭ شىنجاڭغا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن كۆڭۈل بۆلدى.

1958 ـ يىلى، بېيجىڭ جۇڭنەنخەيدە، ماۋجۇشى كېرىيە ناھىيەسىدىن كەلگەن ئۇيغۇر دېھقان قۇربان تۇلۇم بىلەن سەممىي قول ئېلىشقان كۆرۈنۈش تارىخ بولۇپ ساقلاندى ھەم قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچكە ئايلىنىپ، تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنى پارتىيەنى سۆيۈش، دۆلەتنى سۆيۈش قىزىل گېنىغا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نەچچە ئەۋلاد رەھبەرلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئارىسىغا كىرىپ، خەلق تۇرمۇشىنى سوراپ، ئىتتىپاقلىقنى سۆزلەپ، تەرەققىيات ئۈستىدە توختىلىپ، سەممىي غەمخورلۇق قىلىپ، قەلبلەرنى ئىللىتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە تولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈردى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ تەكشۈردى، مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى، 12 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى، بىر قاتار مۇھىم سۆزلەرنى ئېلان قىلدى، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى، ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەتتىن شىنجاڭ خىزمىتىگە تەپسىلىي قاراپ چىقتى، ئۇنى پىلانلىدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى بېكىتتى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ياخشى قوغداش، ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇشنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، جان ـ دىلى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختىنى كۆزلىدى، ھەربىر مۇھىم، زور تارىخىي مەزگىل ۋە مۇھىم تارىخىي پەيتتە، بىر قاتار ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چىقىرىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئۆزلۈكسىز تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ تىنچ ئازاد قىلىنىپ، زۇلمەت، قالاق كونا تۈزۈم ئۈزۈل ـ كېسىل بىكار قىلىنىپ، يەتكۈچە زۇلۇمغا ئۇچرىغان ھەر مىللەت خەلق دۆلەتنىڭ ئىگىسىگە ھەقىقىي ئايلاندى. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى تولۇق كاپالەتلەندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، بوران ـ چاپقۇنلۇق يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشىدىكى مۇستەھكەم ئۇل تاش بولدى.

1978 ـ يىلى، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشنى بېكىتتى. شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ھەيۋەتلىك دولقۇندا جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىدى. ئەسىر ئالماشقان پەيتتىكى دۆلەتنىڭ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسى بۇ تۇپراقنىڭ تەقدىرىنى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مۇساپىسى بىلەن زىچ باغلاپ، جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىدىكى «ئازگال»نى بىر سەكرەپلا غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى ئەڭ ئالدىنقى سەپكە ئايلاندۇردى.

يىراقنى كۆزلىمىگەنلەر بىر مەزگىللىك ئىشنىمۇ ياخشى قىلالمايدۇ؛ پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلىمىگەنلەر كونكرېت ساھەدىكى ئىشنىمۇ ياخشى قىلالمايدۇ. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت تارىخىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ شىنجاڭ خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، بىر قاتار ئېتىبار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن دۆلەتنىڭ كۈچى بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى قوغدىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى شىنجاڭغا تېخىمۇ تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنى دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش چوڭ ۋەزىيىتىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى بولۇشتەك شان ـ شەرەپنى زىممىسىگە ئالغان جۇڭگو شىنجاڭ دۇنيا سەھنىسىدە لەرزان غۇلاچ تاشلاپ، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشتى.

70 يىللىق بوران ـ چاپقۇننى باشتىن كەچۈرۈپ، شىنجاڭ يول بويى ئالغا ئىلگىرىلەپ، پۇختا قەدەم تاشلىدى. بۇ ئىشەنچ ۋە تەمكىنلىك پارتىيەنىڭ قۇياش نۇرى ۋە مېھىر ـ شەپقىتىدىن كەلگەن، شۇنداقلا ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقى، غەمخورلۇقىدىن ئايرىلالمايدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدا، تۈركۈم ـ تۈركۈم ئوت يۈرەك ياشلار «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي»نى ئېيتىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىن تىيانشان ئېتىكىگە يىغىلىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدىكى جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلاندى، ئۇلار شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈپ، شىنجاڭدا يىلتىز تارتىپ، ياشلىق باھارىنى بۇ قاينام ـ تاشقىنلىق تۇپراققا بېغىشلىدى. 1997 ـ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگۈچى تۈركۈم ـ تۈركۈم كادىرلار، ئىختىساسلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ، ئەقىل ـ پاراستى ۋە تەرىنى شىنجاڭ تۇپرىقىغا سىڭدۈردى، شۇنداقلا «ئۇزاققچە شىنجاڭلىقلاردىن بولۇشتىن باش تارتماسلىق»تەك چىن مۇھەببىتىنى ھەر مىللەت خەلققە بېغىشلىدى.

سان ئۈنۈمسىز بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ قۇدرەتلىك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. 70 يىلدىن بۇيان، مەركەز مالىيەسى شىنجاڭغا جەمئىي 2 تىرىليون 350 مىليارد يۈەن ياردەم پۇل بەردى، 2018 ـ يىلىلا 302 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2010 ـ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 19 ئۆلكە، شەھەر شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىپ، جەمئىي 103 مىليارد 500 مىليون يۈەن ياردەم مەبلىغى سالدى، 1 تىرىليون 800 مىليارد يۈەنگە يېقىن ھەمكارلىق مەبلىغى كىرگۈزدى.

باھار زېمىنغا ئۈمىد چاچتى، بارچە مەۋجۇدات جانلاندى. 70 يىلدىن كېيىن، نامرات، ئاجىز، خاراب شىنجاڭ تارىخ تەرىپىدىن چوڭ قەدەم بىلەن ئارقىغا چۆرۈۋېتىلىپ، ھاياتىي كۈچكە تولغان شىنجاڭ بارغانسېرى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلار تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا «بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە» دېگەن كۈينى ياڭراتتى. بۇ، مىننەتدارلىق قەلب ساداسى، شۇنداقلا جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش بۇرغىسى.

(3)

2019 ـ يىلى ئالتۇن كۈزدە، چىراغ نۇرلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان باش تېمىلىق چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان تۈسكە كىرگۈزدى. چاقناپ تۇرغان چىراغلار كېچىنى كۈندۈزگە ئايلاندۇرۇپ، جەمئىيەت مۇقىم بولغان، ئاي ـ يىللار تىنچ بولغان گۈزەل شىنجاڭنى يورۇتتى.

كېچە مەنزىرىسىگە ئوخشاش كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى يەنە شىنجاڭنىڭ ئاۋاتلىقى. 2018 ـ يىلى، شىنجاڭ كۈتۈۋالغان دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچى 150 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، 2019 ـ يىلى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىشى مۆلچەرلەنمەكتە. ھەر تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلار ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئالقىشلىدى!

تەرەققىيات ئىناقلىققا، مۇقىملىققا موھتاج، خەلق بەختكە، خاتىرجەملىككە موھتاج. مۇقىملىق ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى، ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى مىسلىسىز ئۆستى. تارىخ شۇنى قايىل قىلارلىق ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلىغاندىلا، ئاندىن كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور دەرىجىدە مۇجەسسەملىگىلى، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىغا پۇختا ئاساس سالغىلى بولىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىمۇ خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەپ بەختلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. جەمئىيەت مۇقىملىقىدىن ئىبارەت تۈپ ئالدىنقى شەرتنى يوقىتىپ قويساق، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى مەنبەسىز سۇ، يىلتىزسىز دەرەخ بولۇپ قالىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ چېگرا رايون مۇقىم بولسا، دۆلەت تىنچ بولغان؛ چېگرا رايون مالىمان بولسا، دۆلەت تىنچ بولمىغان. تارىخنىڭ ئۇزاق ئېقىنىدا، شىنجاڭ تاشقى خەۋپكە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئون مىڭ چاقىرىملىق چېگرا ئۆتكىلى، تارىختىن بۇيانقى سۇلالە، دەۋرلەردە تېررورىزمنىڭ كېڭىيىشى ـ تارقىلىشىدىكى ئاچقۇچلۇق بەلباغ، يېڭى جۇڭگونىڭ يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ۋەتەننى قوغداشتىكى كۈچلۈك ئارقا سېپى بولغان. يېڭى ۋەزىيەتتە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك. دەل شۇنداق بولغاچقا، مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى قىلىپ بېكىتىلدى.

ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتقاندىلا، ئاندىن پۈتۈن ۋەزىيەتنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ «يىلتىزى» ۋە «جېنى» بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەننىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان پىكىر يولى ۋە تونۇشىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى ۋە بىرلىككە كەلتۈردى.

باش نىشان ـــ تۇتقا، تۇتقا تۇتۇلسا ھەممە ئىش يۈرۈشىدۇ. مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، باش نىشان بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش نىشاننى چۆرىدىگەن ھالدا شىنجاڭنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى پىلانلاپ، ئالغا سىلجىتىپ، مۇقىملىقنى قوغداشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان سىياسىي ۋەزىپە، تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، مۇھىم ھالقىنى تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلىدى؛ قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ پولات سېپىلىنى بەرپا قىلدى؛ بىر قولدا قانۇن بويىچە زوراۋان ـ تېررورچى ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىشنى تۇتۇپ، بىر قولدا ئەڭ زور چەكتە كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىش ۋە مۇجەسسەملەشنى تۇتۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولغانلار روناق تاپىدۇ، ھەمنەپەس بولغانلار غەلىبە قىلىدۇ. بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ تىرىشىش ئارقىلىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىنىڭ مول نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ۋەزىيەت سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، شەھەر ـ يېزىلاردا جەمئىيەت تىنچ بولدى، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئەڭ مۇھىم شارائىت، ئەڭ كۈچلۈك مەدەتكە ئىگە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىككە تەسىر يەتكۈزىدىغان چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى تېخىمۇ تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈردى، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈردى.

شىنجاڭنىڭ كۈز پەسلىدە، تاغ ـ دەريالار كىمخاب كىيىپ، كەڭ زېمىندا ئالتۇن ئاقىدۇ. شىنجاڭ تىنچ ئازاد قىلىنغانلىقنىڭ 70 يىللىقى ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىدىن ئىبارەت خۇشال كۈنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كەلدى، «بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە» دېگەن كۈي قولاق تۈۋىمىزدە يەنە ياڭرىغاندا، تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرى دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا قارىتا جەزمەن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ.

(4)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتا تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۈچ بۇلۇڭلۇق پۇختا ئۇل ھاسىل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، مۇقىملىق ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ مۇستەھكەم توسمىسى. بۇ تارىخىي چوڭ لوگىكىنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ سەممىي ئارزۇسى، شۇنداقلا «جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش»تە چىڭ تۇرغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر قەتئىي تەۋرەنمەس ئىستىكى.

«ئېغىر سانائەت» ئات تاقلاش، «يېنىك سانائەت» پاختا ئېتىش، «3 ـ كەسىپ» كاۋاپ پىشۇرۇش، بىر قاپ سەرەڭگىگە ئىككى جىلىك قوي يۇڭى تېگىشىش... بۇ، شىنجاڭ ئەمدىلا ئازاد قىلىنغان چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ ئەينەن كارتىنىسى ئىدى. مۇشۇنداق ھەم نامرات، ھەم قالاق ئاساستا، چولاق كەتمەندە ئىش باشلاپ، تاغ ـ ئورمانلارنى ئېچىش تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىدىغان قايناق ھېسسىيات، ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادىگە موھتاج، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەيدىغان، قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان جاسارەتكە تېخىمۇ موھتاج ئىدى. 70 يىلدىن بۇيان، دەل مۇشۇنداق جۇشقۇن روھ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى يېتەكلەپ، قەدىمىي چۆللۈكتە ھەيۋەتلىك، كۆركەم تەرەققىيات داستانىنى پۈتتى.

«ئوتلاقتىكى كۈچلۈك كۈز شاملىدا، زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ شىنجاڭغا كىرىش» ناخشىسىنى ياڭراتقان 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن «مىسلىسىز جۈرئەت بىلەن يېڭى بىر دۇنيا يارىتىش»تەك ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىق روھى بىلەن، بىپايان چۆللۈككە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ بىرىنچى سايىنىنى سالدى؛ «چۆللۈكتە گۈلباغ بەرپا قىلىش»تەك ياڭراق ناخشا ساداسىغا ئەگىشىپ، ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى، 1 ـ ئاۋغۇست پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى، 1 ـ ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى قاتارلىق بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى زاۋۇتلار ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى؛ ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي قاتارلىق شەھەرلەر كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلىنىشتەك تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق، بوستانلىقتا چاقنىغان مەرۋايىتقا ئايلاندى... 1000 يىللار سۈكۈتتە ياتقان شىنجاڭ سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىغا قاراپ چوڭ قەدەم بىلەن ئاتلاندى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شەرق شامىلىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭ گويا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان «گۈللىنىش» ناملىق پويىزغا ئوخشاش كۈچەپ ئىلگىرىلەش داۋامىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىللىق باھارنى كۈتۈۋالدى، جاپالىق ئىشلەش، ئەمەلىي ئىشلەش داۋامىدا ھەربىر ئىمتىھان قەغىزىگە قالتىس جاۋاب بەردى.

بۇ ئىمتىھان قەغىزى كۆتۈرەڭگۈ روھنى مېلودىيە قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا، ئالاھىدە ترانسفورموتور شىركىتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان دۇنيا بويىچە تۇنجى 1100± كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك ئالماشتۇرۇش ترانسفورموتورى غەربىي قىسمىدىكى مول بايلىقنى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇپ ئىچكىرى رايونلارغا يەتكۈزمەكتە؛ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ كۆز يەتكۈسىز پاختىزارلىقىدا، قاتار ـ قاتار پاختا تېرىش ماشىنىلىرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، پاختا يىغىش، تايلاش، توشۇش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن مەشغۇلاتنى ئىشقا ئاشۇرماقتا؛ قورغاس پورتىدا، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرى گۈركىرەپ يولغا چىقىپ، ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا قاراپ چاپماقتا... بۈگۈنكى شىنجاڭ تۇپرىقىدا، «ھەممە يەر جانلىق ئىجادىيەت بىلەن تولدى، ھەممە يەردە كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان ئىلگىرىلەش بولدى»، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ روشەنلەشتى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلىپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ قىياپىتى يېپيېڭى تۈس ئالدى. «يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول دەۋرى» «مېترو دەۋرى»نىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، «شىنجاڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىپ چىقىشنى تېزلىتىش» ئىستراتېگىيەلىك قاتناش سىستېمىسى تېز شەكىللىنىپ، «ئاشۇ يىراق جاي» ئەمدى يىراق بىلىنمەيدىغان بولدى.

بۇ ئىمتىھان قەغىزى خەلقنى كۆزلەشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى ئىللىقلىققا تولغاندى. ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەر ھەرىكەتچان نۆللەشتۈرۈلۈپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش سىجىل ئالغا سىلجىتىلدى، يېزىلاردا ئۈچ يىللىق ھەقسىز بەسلى مائارىپى يولغا قويۇلدى، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئورنىتىلدى، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بويىچە كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئېگىز، سوغۇق، چەت، يىراق تاغلىق رايونلاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار توك بولماسلىق، تۈرۈبا سۈيى بولماسلىق، قاتناش راۋان بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەردى... ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى زىچ چۆرىدەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى كەمتۈك، ئاجىز تۈرلەرنى نىشانلاپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى «كىچىك ئىش»لارنى ياخشى بېجىرىپ، ئەلرايىدىكى «چوڭ ئىش»لاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش قاتارلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتتى، ئاممىۋى خامچوت چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى ئۇدا كۆپ يىل خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، تەرەققىياتنى ھەقىقىي تۈردە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئەمەلىيلەشتۈردى، يەرلىككە نەپ يەتكۈزۈشتە ئەمەلىيلەشتۈردى، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 1952 ـ يىلدىكى 791 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، 2018 ـ يىلدىكى 1 تىرىليون 200 مىليارد يۈەنگە يەتتى؛ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1952 ـ يىلدىكى 166 يۈەندىن ئېشىپ، 2018 ـ يىلدىكى 49 مىڭ يۈەنگە يەتتى...كەينى ـ كەينىدىن ئۇچقاندەك ئۆرلەۋاتقان ئىستىرېلكا شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بەلگىسى.

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)